100 يىللىق كۈرەش يولى يېڭى مۇسابىقە ئاتلىنىش

# خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشى ئۈچۈن

## —— «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ھېكايىسى» شىنجاڭ مەخسۇس تېمىلىق تەشۋىق قىلىش - تونۇشتۇرۇش يىغىنىدىن خاتىرە

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى لى ياڭ، يۈ يەنيۈن، ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي

«جۇڭگو ھېكايىسى»نىڭ يادروسى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ھېكايىسى»دۇر. بۇ قېتىم دۇنيانىڭ نەزەرى شىنجاڭغا مەركەزلەشتى. 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تاشقى ئالاقە بۆلۈمى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ھېكايىسى» شىنجاڭ مەخسۇس تېمىلىق تەشۋىق قىلىش - تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلۈپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت سىياسىي پارتىيەلىرى ۋە تەشكىلاتلىرىغا يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، گۈزەل تۇرمۇشقا ئاتلىنىشقا يېتەكلىگەنلىكى توغرىسىدىكى ھەققىي ھېكايىلەر تونۇشتۇرۇلدى.

سائەت 17دە، تەشۋىق قىلىش - تونۇشتۇرۇش يىغىنى دەل ۋاقتىدا باشلاندى، جۇڭگو تەرەپ مېھمانلىرى مەيدانغا كىرىپ ئولتۇردى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، دۆلەت ئىچىدىكى 40تىن ئارتۇق ئاخبارات ئورگىنىدىن كەلگەن 60 نەچچە مۇخبىر يىغىن مەيدانىغا بالدۇرلا كېلىپ، پايدىلىق «يەر شەكلى»نى ئىگىلەپ، زىيارەت تەييارلىقىنى ياخشى قىلغانىدى.

بىر مەقسەتتە بولغانلارغا يول يىراق بىلىنمەيدۇ. يىغىن مەيدانىنىڭ مەركىزىدىكى چوڭ ئېكراندا، 80 نەچچە دۆلەتتىكى 190دىن ئارتۇق سىياسىي پارتىيە ياكى تەشكىلاتنىڭ 300دىن ئارتۇق سىياسىي پارتىيە ئەربابى ۋە مەشھۇر زات توردا سىنلىق ئۇلىنىش شەكلىدە يىغىن مەيدانىغا «كەلدى». ئوخشاش بولمىغان ۋاقىت رايونىدىن ھالقىپ، كىشىلەر «بۇلۇت»تا جەم بولدى. سىن كۆرۈنۈشىدە، بەزى جايلاردا گۇگۇم چۈشكەنىدى، بەزى جايلاردا يەنىلا قۇياش پارلاپ تۇراتتى. گەرچە تۈمەن چاقىرىم ئارىلىقتا جەم بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ قىزغىنلىقى سۇسلىمىغانىدى.

بۇ، ئوكيان ھالقىغان دوستانە پىكىر ئالماشتۇرۇش ——

تونگا پارلامېنتىنىڭ باشلىقى فاكافانۇئا، پاكىستان ھەققانىيەت ھەرىكىتى پارتىيەسىنىڭ رەھبىرى، خەلق پارلامېنتىنىڭ مۇئاۋىن پارلامېنت باشلىقى سۇرى، كامبودژا خەلق پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، كېڭەش پالاتاسىنىڭ 2 - مۇئاۋىن رەئىسى دىۋېك، ھىندونېزىيە خەلق بۇرچى پارتىيەسىنىڭ باش رەئىسى، خەلق كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى زۇركىفلى، توگو جۇمھۇرىيەتنى قوغداش ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، خەلق پارلامېنتىنىڭ مۇئاۋىن پارلامېنت باشلىقى ئىبراھىما، ماراكەش ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيەسىنىڭ مۇئاۋىن باش شۇجىسى، ئاۋام پالاتاسىنىڭ 1 - مۇئاۋىن پالاتا باشلىقى ئومرانى، پورتۇگالىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن پارلامېنت باشلىقى فىلىپ قاتارلىق سىياسىي پارتىيە ئەربابلىرى سىنلىق ئۇلىنىش ئارقىلىق سۆز قىلدى. ئۇلار مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ قېتىمقى تەشۋىق قىلىش - تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئارقىلىق جۇڭگو شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق تەرەپلەردە قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشەندۇق. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئورتاق كۈرەش قىلىپ قولغا كەلتۈرگەن، دۇنيا ئەھلىنى قايىل قىلىدۇ!

سىنىڭ بۇ ئۇچىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈشتەك ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچى نۇرغۇن جانلىق، تەسىرلىك ھېكايە ئارقىلىق چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن قايتا - قايتا بايان قىلىنىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نامايان قىلىندى. «خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشى ئۈچۈن»، بۇ، 100 يىللىق چوڭ پارتىيەنىڭ جاراڭلىق ۋەدىسى، تېخىمۇ مۇھىمى ھەر مىللەت ئوغۇل - قىزلارنىڭ ئارزۇسى.

بۇ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ شىنجاڭدىكى جانلىق ئەمەلىيىتىنىڭ كۈچلۈك نامايەندىسى ——

«يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش داۋامىدا، مەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خەلقنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم» «مەن جېجياڭ ئۆلكىسىدىكى سىشىدا خىزمەت قىلغاندا ھەر ئايدا 4000 يۈەندىن ئارتۇق مائاش ئالاتتىم، ئېلېكتىر سايمانلىرىنى قۇراشتۇرۇش، رېمونت قىلىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ يۇرتۇمغا قايتىپ شىركەت قۇرۇپ، كەنتتىكى بېيىش باشلامچىسىغا ئايلاندىم» «مەن پەيزاۋات ناھىيەسىدىكى داناگۈل ياسىن بىلەن قوشماقلىشىپ تۇغقانلاشقاندىن كېيىن، ھەققىي بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئايلاندۇق»... خەلقنىڭ ساغلاملىق بىخەتەرلىكىنى قوغداش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قاتارلىق تېمىلارنى چۆرىدەپ، ئۈرۈمچى خەلقئارا دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرى پەرىدە ئوبۇل قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان مىللەتتىن بولغان، ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىن كەلگەن شىنجاڭلىقلار پۈتۈن دۇنيا بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھېكايىسىنى ئورتاقلاشتى.

ھەربىر كۈلۈمسىرىگەن چىرايدىن تولۇپ - تاشقان ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۇرغۇپ تۇراتتى؛ ھەر قېتىمقى ئىشەنچكە تولغان ئىپادىلەشتىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئوغۇل - قىزلارنىڭ ئورتاق قەلب ساداسى يەتكۈزۈلۈپ تۇراتتى — دەل يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ شىنجاڭدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا غايەت زور ئۆزگىرىش بولۇشقا تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئۆزلۈكسىز جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان قىياپەتتە، تىرىشىپ ئىتتىپاق - ئىناق، ئاۋات - باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشقا تېخىمۇ رىغبەتلەندۈرمەكتە.

بۇ، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەيدىغان، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا ئۆرنەك ئالىدىغان كەڭ سۇپا ——

ئۆزئارا بىلىش يىراق - يېقىن دەپ ئايرىلمايدۇ، ئارىلىقىمىز يىراق بولسىمۇ رىشتىمىز ئۈزۈلمەيدۇ. بۇ قېتىمقى تەشۋىق قىلىش - تونۇشتۇرۇش يىغىنىدا، يىغىنغا قاتناشقان مېھمانلار ھېسسىيات بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئاقىلانە قايىل قىلىش ئارقىلىق، ھەرقايسى تەرەپتىكى «ئەڭ چوڭ ئورتاقلىق»نى مۇجەسسەملىدى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش، ئۆرنەك ئېلىشنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى خالايمىز.

سۇرى سۆزىدە مۇنداق دېدى: «جۇڭگو شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى ئۈنۈملۈك كاپالەتلەندۈرۈلۈپتۇ، شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. بۇ، تۆھمەت قىلغۇچىلارغا بېرىلگەن ئەڭ كۈچلۈك قايتۇرما زەربە».

بۇ قېتىمقى تەشۋىق قىلىش - تونۇشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشقان كۆپ دۆلەت سىياسىي پارتىيە ئەربابلىرى بىردەك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: كىشىلىك ھوقۇقنى سىياسىيلاشتۇرۇشقا ياكى كىشىلىك ھوقۇقتا «قوش ئۆلچەم» قوللىنىشقا قارشى تۇرىمىز، جۇڭگو شىنجاڭدا ئاتالمىش «ئىرقىي يوقىتىش» «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» مەۋجۇت دېيىش پۈتۈنلەي يالغان - ياۋىداق سۆز ۋە ساختا ئۇچۇر، بۇ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تونۇشىنى خاتا يولغا باشلاشقا ئۇرۇنغانلىق. كۆپ دۆلەت سىياسىي پارتىيە ئەربابلىرى كىشىلىك ھوقۇقنى باھانە قىلىپ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشقا قارشى تۇرۇش، يامان غەرەزدە كۆپتۈرۈش ۋە قارا چاپلاپ ھۇجۇم قىلىشقا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى.

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى خەلقنى يېتەكلەپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كۈچىدى، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ نامراتلار سانىنى ئازايتىشتىكى بىر قىسىم تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدۇ».

«پاكىستان بىلەن جۇڭگو شىنجاڭ خەلقئارا ھەمكارلىق ئېلىپ كەلگەن مول نەتىجىلەردىن كەڭ دائىرىدە نەپ ئالىدۇ».

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى جۇڭگو روھى، جۇڭگو كۈچىنى نامايان قىلدى».

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 100 يىللىق تۇغۇلغان كۈنىنى كۈتۈۋالدۇ، بىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە جۇڭگو خەلقىگە گۈزەل تىلەكلەرنى تىلەيمىز. ئىشىنىمىزكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى مۇساپىسىنى ئۈنۈملۈك باشلايدۇ!»

......

تەشۋىق قىلىش - تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، ئېسىل ھېكايىلەر يەنىلا داۋاملاشماقتا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى يېتەكلەپ گۈزەل تۇرمۇش ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىش قەدىمى يەنىلا مەزمۇت. بىز كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئارزۇيىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، 100 يىللىق چوڭ پارتىيە ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ شان - شەرەپ كەلتۈرەيلى.

(بېشى 1 - بەتتە)

پارتىيە كومىتېتى خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا جەمئىيەت مۇقىم، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشقان ئەزىز مېھمانلار بىلەن شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئىقتىسادنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش، خەلقنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنى ياخشىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى، دىنلارنىڭ ئىناقلىقى، رايىشلىقى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش قاتارلىق يەتتە جەھەتتىكى ھېكايىنى ئورتاقلاشتى. چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شىنجاڭ قىلغان بارلىق ئىشلار ئوچۇق - ئاشكارا، سەممىي بولۇپ، ھەر مىللەت خەلققە بەخت يارىتىشنى مەقسەت قىلغان. بىز تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىپ، تېخىمۇ ياخشى ھالدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەيمىز، ئامان - ئېسەنلىكى، ساغلاملىقىنى كۆزلەيمىز، بەخت - سائادىتىنى ئاشۇرىمىز. شىنجاڭ ياخشى جاي، كۆپچىلىكنىڭ شىنجاڭغا كۆپرەك كېلىپ ئايلىنىپ بېقىشىنى، كۆرۈپ بېقىشىنى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ قىزغىن، مېھماندوستلۇقىنى ھېس قىلىشىنى، گۈزەل شىنجاڭنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلىنىشنى، شىنجاڭنىڭ تەسىرلىك ھېكايىلىرىنى ئاڭلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تاشقى ئالاقە بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى سۇڭ تاۋ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى يېتەكلەپ گۈزەل تۇرمۇش ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشتەك مۆجىزىنى ياراتتى. خەلقئارادىكى بەزى كۈچلەر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىدەك پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ھەرخىل يالغان - ياۋىداق سۆز، بەمەنە سەپسەتىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇق - مەنپەئىتىگە قارا چاپلاش ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، خەلقئارا ئەخلاق - ھەققانىيلىق ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىگە خىلاپلىق قىلىپ، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشى ۋە كۈچلۈك ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت سىياسىي پارتىيەلىرى بىلەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۈنىياز ۋە شىنجاڭدىكى ھەر ساھە ئامما ۋەكىللىرى يەنە خەلقنىڭ ساغلاملىق بىخەتەرلىكىنى قوغداش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قاتارلىق تېمىلارنى چۆرىدەپ، يىغىنغا قاتناشقان چەت ئەللىك مېھمانلار بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى ھەققىدىكى ھېكايىلەر توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردى ۋە ئورتاقلاشتى، ھەم چەت ئەللىك مېھمانلارنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردە ئوتتۇرىغا قويغان 20گە يېقىن سوئالىغا جاۋاب بەردى.

تونگا پارلامېنتىنىڭ باشلىقى فاكافانۇئا، پاكىستان ھەققانىيەت ھەرىكىتى پارتىيەسىنىڭ رەھبىرى، خەلق پارلامېنتىنىڭ مۇئاۋىن پارلامېنت باشلىقى سۇرى، كامبودژا خەلق پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، كېڭەش پالاتاسىنىڭ 2 - مۇئاۋىن رەئىسى دىۋېك، ھىندونېزىيە خەلق بۇرچى پارتىيەسىنىڭ باش رەئىسى، خەلق كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى زۇركىفلى، توگو جۇمھۇرىيەتنى قوغداش ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، خەلق پارلامېنتىنىڭ مۇئاۋىن پارلامېنت باشلىقى ئىبراھىما، ماراكەش ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيەسىنىڭ مۇئاۋىن باش شۇجىسى، ئاۋام پالاتاسىنىڭ 1 - مۇئاۋىن پالاتا باشلىقى ئومرانى، پورتۇگالىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن پارلامېنت باشلىقى فىلىپ قاتارلىق سىياسىي پارتىيە ئەربابلىرى بۇ قېتىمقى تەشۋىق قىلىش - تونۇشتۇرۇش يىغىنى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشەنگەنلىكىنى، كىشىلىك ھوقۇقنى سىياسىيلاشتۇرۇش ياكى كىشىلىك ھوقۇقتا «قوش ئۆلچەم» قوللىنىشقا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، جۇڭگو شىنجاڭدا ئاتالمىش «ئىرقىي يوقىتىش» «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» مەۋجۇت دېيىش پۈتۈنلەي يالغان - ياۋىداق سۆز ۋە ساختا ئۇچۇر بولۇپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تونۇشىنى خاتا يولغا باشلاشقا ئۇرۇنغانلىق، دەپ قارىدى. كۆپ دۆلەت سىياسىي پارتىيە ئەربابلىرى كىشىلىك ھوقۇقنى باھانە قىلىپ باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشقا قارشى تۇرۇش، يامان غەرەزدە كۆپتۈرۈش ۋە قارا چاپلاپ ھۇجۇم قىلىشقا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى. يىغىنغا قاتناشقان سىياسىي پارتىيەلەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلىي ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋە ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىگە ئورتاق بەخت يارىتىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تاشقى ئالاقە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى گو يېجوۋ تەشۋىق قىلىش - تونۇشتۇرۇش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۇ خەيرۇڭ، تيەن ۋېن قاتارلىقلار تەشۋىق قىلىش - تونۇشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى.

# «شىنجاڭنىڭ ئەتىسىنىڭ تېخىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز»

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى يۈ يەنيۈن، ياۋ تۇڭ، لى ياڭ، ۋاڭ شىڭرۇي

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ھېكايىسى» شىنجاڭ مەخسۇس تېمىلىق تەشۋىق قىلىش - تونۇشتۇرۇش يىغىنىنىڭ سىنلىق ئۇلانما زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، چەت ئەللىك مېھمانلار جۇڭگو شىنجاڭنىڭ مۇقىم، تەرەققىي قىلىۋاتقان ھازىرقى ئەھۋالىغا قارىتا مەدھىيە سۆزلىرىنى ئايىمىدى، «مۇقىم» «بىخەتەر» «ئىناق» «ئىتتىپاق» «بەخت» قاتارلىق سۆزلەرنى كۆپ قېتىم تىلغا ئالدى. ئۇلار بىردەك مۇنداق قارىدى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى ھەممىگە ئايان، كەلگۈسى ئىستىقبالى تېخىمۇ گۈزەل، ھەرقانداق بىر ئوبيېكتىپ پوزىتسىيەدە بولغان كىشى بۇ پاكىتنى ئىنكار قىلالمايدۇ.

«شىنجاڭنىڭ ئەتىسىنىڭ تېخىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.» پاكىستان دۆلەتلىك پەن - تېخنىكا داشۆسى جۇڭگو تەتقىقاتى مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى زەمىر ئاۋان كۆپ قېتىم جۇڭگو شىنجاڭغا زىيارەتكە كەلگەن، ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «مەن شىنجاڭنىڭ كۆك ئاسمىنىنى، ساپ ھاۋاسىنى، تەملىك مېۋە - چېۋىلىرىنى، ھەرخىل مەززىلىك تائاملىرىنى ياخشى كۆرىمەن، شىنجاڭ ھەقىقەتەن ياخشى جاي».

زەمىر ئاۋان مۇنداق قارىدى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلۈپ، خەلقنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكى كۈچلۈك كاپالەتلەندۈرۈلدى. بەزى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ بوھتان چاپلىشى ئۇلارنىڭ سىياسىي مۇددىئاسىنى يوشۇرالمايدۇ، بۇ، ئوچۇقتىن - ئوچۇق تۆھمەت قىلغانلىق.

«ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى ناھايىتى ياخشى ئىكەن.» ئىراق كۇردىستان كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ باش شۇجىسى كاۋا مۇنداق دېدى: بەزى دۆلەتلەردىكى سىياسەتۋازلارنىڭ شىنجاڭغا بېسىم قىلىشى، قارا چاپلىشى ئەمەلىيەتتە جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشقا ئۇرۇنغانلىق. جۇڭگو ئۆزى قولغا كەلتۈرگەن تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مەردانىلىك بىلەن كۆپرەك تەشۋىق قىلىشى كېرەك، بۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەر باشقا دۆلەتلەرگە ناھايىتى پايدىلىق.

تۈركىيە ۋەتەنپەرۋەرلەر پارتىيەسىنىڭ رەئىسى پەرىنچېك جۇڭگو شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ قوغدالغانلىقىغا تېخىمۇ دىققەت قىلدى. ئۇ ئىلگىرى قەشقەر ۋىلايىتى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلىپ، شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ناھايىتى ياخشى قوغدالغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدىكى كۆپ خىل نەشر بۇيۇملىرى، رادىيو - تېلېۋىزىيە پىروگراممىلىرى ھەمدە يېڭى تاراتقۇ سۇپىلىرى ئۇنىڭدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، زور مىقداردىكى ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچىنى سەرپ قىلىپ، پۈتۈن دۇنيادا ئۈلگە تىكلىدى» دېدى ئۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

تەكلىپلەرنى قانۇن بويىچە بىرتۇتاش بېجىرىشكە تاپشۇرۇپ، بۇ يىللىق ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپلىرىنى بېجىرىش خىزمىتىنى يۇقىرى سۈپەتلىك ياخشى ئىشلەشنى تەتقىق قىلدى ۋە ئورۇنلاشتۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شەۋكەت ئىمىن يىغىنغا قاتناشتى، ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرىغا ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپلىرىنى بېجىرىشكە تاپشۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى مەزگىلىدە، ھەر مىللەت خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى يىغىنغا 450 ۋەكىللار تەكلىپى سۇنغان. ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزىي خىزمەتلىرىنى چۆرىدەپ، نۇقتىلىق خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى ھەم ۋەكىللەرنىڭ ئىنكاسى بىرقەدەر مەركەزلەشكەن، خەلق ئاممىسىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان مۇھىم، زور مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى نۇقتىلىق ھەيدەكچىلىك قىلىپ بېجىرىلىدىغان ۋەكىللار تەكلىپىدىن 12نى بېكىتكەن.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپلىرىنى بېجىرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە بۇرچ، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق تونۇپ، مەركەزنى چۆرىدەپ، چوڭ ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىپ، ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپلىرىنى بېجىرىش خىزمىتىنى قاتتىق تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، سەرخىل نەتىجە يارىتىپ، ھەقىقىي تۈردە ۋەكىللەر تەكلىپلىرىنىڭ بېجىرىلىش جەريانىنى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئىستىلىنى ياخشىلاش، ئامما بىلەن ئالاقە باغلاش، خىزمەتلەرنى ياخشىلاش جەريانىغا ئايلاندۇرۇپ، ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەش، دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلەش، قانۇن بويىچە تەدبىر بەلگىلەشكە تۈرتكە بولۇش جەريانىغا ئايلاندۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپلىرىنى بېجىرىش خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ياخشى تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بېجىرىشنى ئۈستىگە ئالغان ھەرقايسى ئورۇنلار بېجىرىشتە مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بېجىرىشتىن ئىلگىرىكى، بېجىرىش جەريانىدىكى، بېجىرگەندىن كېيىنكى پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە ئالاقىلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، مەسىلىنى ھەل قىلىش چارىسى ئۈستىدە ئورتاق كېڭىشىپ، بېجىرىش خىزمىتىنىڭ دەل جايىدا بولۇشى، ئۈنۈملۈكلۈكى ۋە رازى بولۇش دەرىجىسىنى كۈچەيتىشى كېرەك. ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپلىرىنى بېجىرىش خىزمىتىنى سىياسەت تۈزۈش، تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، خىزمەتلەرنى ھەقىقىي كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش كېرەك. ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئېنىق، كونكرېت بولۇش پىرىنسىپى بويىچە، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارنى پەرقلەندۈرۈپ ۋەكىللەرگە جاۋاب بېرىپ، ۋەكىللەرنى ھەقىقىي رازى قىلىپ، ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپلىرىنى بېجىرىش خىزمىتىنى ۋاقتىدا، سۈپەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا 2020 - يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىپلىرىنى بېجىرىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن بادەي، سو يۈ، تۇختى ياقۇپ يىغىنغا قاتناشتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قىسمەن ۋەكىللىرى يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چىڭ، بىڭتۇەن پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن سىلىڭيۈەن لۈ شۈيبىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى باھارگۈل سەممەت، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى لى يۇڭجۈن ھەم ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەركىبىدىكى تارماقلار قاتارلىق ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپلىرىنى بېجىرگۈچى ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى ھەم ئىپادە بىلدۈرۈپ سۆز قىلدى ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.